بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

# ئىسلام ئاۋازى گېزىتى

57- سان

قوش ھەپتىلىك گېزىت

ھىجرىيە: 1440/05/12

مىلادىيە: 2019/01/18

ئىسلام ئاۋازى
ISLAM AWAZI

ئىسلام ئاۋازى تەشۋىقات بۆلۈمى

t.me/@islamawazi t.me/@eserler http://www.muhsinlar.com


## ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه قَالَ: «قَالَ رَسُولُ اللَّهِ ﷺ: <مَنْ قَاتَلَ تَحْتَ رَايَةٍ عِمِّيَّةٍ يَغْضَبُ لِعَصَبَةٍ،أَوْيُقَاتِلُ لِعَصَبَةٍ، أَوْيَنْصُرُ عَصَبَةً، فَقُتِلَ فَقِتْلَةٌ جَاهِلِيَّةٌ>» (راوه مسلم، أحمد ونسائى).

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنهدىن نەقىل قىلىنىپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: <كىمكى غايىسى نامەلۇم بايراق ئاستىدا (اللهنىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى) تەرەپبازلىق ئۈچۈن غەزەپلەنسە ياكى جەڭ قىلسا ۋە ياكى ياردەم بېرىپ ئۆلتۈرۈلسە، ئۇ كىشى جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ>» (ئىمام مۇسلىم، ئىمام ئەھمەد ۋە نەسائىلەر توپلىغان).

### ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، كىشى ئۇرۇش قىلغاندا چوقۇم ئىلىم ۋە پاكىت ئاساسىدا ئۇرۇش قىلىشى، ھەرگىزمۇ قارىغۇلارچە ۋە ھاۋايى-ھەۋەسكە تايىنىپ ئۇرۇش قىلماسلىقىنىڭ لازىملىقى.

ئىككىنچى، ھەرقانداق مۇسۇلمان كىشىنىڭ، ھەقتىن باشقىغا ياردەم بەرمەيدىغان يوللۇق ئۇرۇش بىلەن ھاۋايى-ھەۋەسلەرگە ياردەم بېرىدىغان يولسىز جەڭنىڭ ئوتتۇرىسىنى پەرق ئېتىشىنىڭ لازىملىقى.

ئۈچىنچى، بايراق مەسىلىسىدە شەكىل، كۆرۈنۈش، نەقىش، خەت، رەخت دېگەنلەر مۇھىم ئەمەس بەلكى شۇ بايراقنىڭ تىكلىنىشىگە سەۋەب بولغان مەقسەتنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكى.

تۆتىنچى، ھەققە ياردەم بېرىش مەقسەت قىلىنمىغان جەڭلەرگە جۈرئەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىشنىڭ ھاراملىقى.

بەشىنچى، ۋەتەن ياكى مىللەت ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەقەت ئىمانىي قېرىنداشلىق ئۈچۈنلا دوست ياكى دۈشمەن تۇتۇشنىڭ لازىملىقى.

ئالتىنچى، مۆئمىن كىشىنىڭ بەزىدە جاھىلىيەت ئەمەللىرىنى سادىر قىلىپ قالىدىغانلىقى ۋە شۇ ئەمەل ئۈستىدە ۋاپات بولىدىغانلىقى، لېكىن بۇنىڭ شۇ مۆئمىن كىشىنى ئىماندىن چىقىرىۋەتمەيدىغانلىقى.

يەتتىنچى، جەڭنىڭ ئەسلىدىن يوللۇق بولۇشىنىڭ ھەرگىزمۇ شۇ يوللۇق بولغان جەڭدە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ شەھىد بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدىغانلىقى. چۈنكى گاھىدا شۇ جەڭگە ئىشتىراكچى سەۋەب پەقەت مىللەت ياكى مەلۇم گۇرۇھ ئۈچۈن غەزەپلىنىش بولۇپ ھەققە ياردەم بېرىش بولمىسا، جەڭ ئەسلىدە يوللۇق بولسىمۇ، بۇ جەڭدە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ھەممىسى «شەھىد» بولۇۋەرمەيدۇ.

سەككىزىنچى، مەيلى قەبىلە، ياكى بىرەر مىللەت، ياكى بىر ئەمىر، ياكى بىر ئالىم، ياكى جامائەت، ياكى مەلۇم ئىسىم، ياكى مەزھەپ، ياكى مەلۇم كۆزقاراش، ياكى ۋەتەن بولسۇن ۋە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا نېمە بولسا بولسۇن، بۇنىڭ ئۈچۈن غەزەپلىنىش ۋە مۇتەئەسسىپلىك قىلىش (يەنى يان بېسىش)تىن قاتتىق ئاگاھ بولۇشنىڭ لازىملىقى.

توققۇزىنچى، جەڭ قىلىش ئىشىدا نىيەتنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكى. يەنى، جەڭ قىلىشتىكى نىيەتنىڭ خەتىرىنىڭ ئىنتايىن زور ئىكەنلىكى.

ئونىنچى، ھاۋايى-ھەۋەس ۋە ئازدۇرغۇچى ئامىللاردىن پاك بولۇش ۋە ھەققە پۈتۈنلەي ساداقەتمەن بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى.

ئون بىرىنچى، ئوچۇق ۋە روشەن بولغان ئىشلارغا ئېسىلىش: مۇجمەل، مۇتەشابىھ ۋە شۈبھىلىك ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ھەمدە دىن ۋە ئابرۇيىنى پاك ساقلاپ قېلىشنىڭ لازىملىقى.

## دىنى ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

### ئۈچىنچى ئاساس: ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ تەكفىر (كاپىرغا چىقىرىش) مەسىلىسىگە تۇتقان مەيدانى

سەلەف سالىھ (يەنى ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە)نىڭ ئەقىدە ئۇسۇللىرى (ئاساسلىرى)دىن بىرى شۇكى، ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان كىشى كاپىر قىلىنىۋەتكۈچى بىرەر ئىشنى سادىر قىلغان بولسا ۋە بۇ كاپىر قىلىنىۋەتكۈچى ئىش چۈشەندۈرۈشكە موھتاج بولغىدەك دەرىجىدە (ئالىملار بىلىدىغان ئەمما ئاۋام مۇسۇلمانلار بىلمەيدىغان) مەخپىيرەك ئىش بولسا، كاپىرغا چىقىرىشنىڭ شەرتلىرى تولۇق تېپىلماي، كاپىرغا چىقىرىشنى چەكلەيدىغان چەكلىمىلەر تەلتۆكۈس يوقالماي، بىلمىگۈچى ۋە تەئۋىل قىلغۇچىدىن شۈبھى ئايدىڭلاشماي ۋە تەرك ئەتسە كاپىر بولىدىغان دەرىجىدىكى كۈچلۈك ھۆججەتنى تۇرغۇزماي تۇرۇپ كاپىرغا چىقارمايدۇ. ئەمما دەل ئەكسىچە، بىر مۇسۇلمان كىشى مەخپىي بولمىغان ئاشكارا (يەنى ئالىممۇ ۋە ئادەتتىكى ئاۋام مۇسۇلمانمۇ بىلىدىغان ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا كەڭ تارقالغان دىنىنىڭ پرىنسىپ- ئاساسلىرى مەسىلىسىدىكى) ئىشلاردا كۇفرى ئەمەلنى قىلغان بولسا، مەسىلەن، اللهنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىش، رەسۇلۇللاھ ﷺنى يالغانچىغا چىقىرىش، رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ پۈتۈن ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ ھەممىسىگە ئومۇمىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكى ۋە پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئاخىرلاشتۇرغۇچى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش، شۇنداقلا دىندىن ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ (ئاۋام بولسۇن ياكى ئالىم بولسۇن) بىلىشى زۆرۈر بولغان مەسىلىلەرنى ئىنكار قىلىشقا ئوخشاش ئاشكارا ئىشلاردا كۇفرى ئەمەلنى سادىر قىلغان بولسا، ھۆججەت تۇرغۇزماستىن كاپىرغا چىقىرىۋېرىدۇ.

ئۇلار (يەنى ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسىدىكىلەر) كۇفرى ئىشقا مەجبۇرلانغان مۇسۇلماننى (ئۇ مۇسۇلماننىڭ قەلبى ئىمان بىلەن خاتىرجەم بولغان بولسىلا) كاپىرغا چىقارمايدۇ.

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسىدىكىلەر ھېچبىر مۇسۇلماننى شېرىكتىن باشقا ھەرقانداق گۇناھ بىلەن كاپىرغا چىقىرىۋەرمەيدۇ. ئەگەر بىر مۇسۇلمان شېرىكتىن تۆۋەن بولغان گۇناھىي كەبىرلەرنى ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇنداقتا ئەھلى سۈننەت ئەقىدىسىدىكىلەر بۇ گۇناھنى ئۆتكۈزگەن كىشىنى «كاپىر» دەپ ھۆكۈم قىلمايدۇ، ئۇ كىشى ئاشۇ ئۆتكۈزگەن گۇناھنى ھالال سانىمىغانلا بولسا، پەقەت «پاسىق»، «ئىمانى ناقىس» دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. ئەگەر بەندە شېرىكتىن تۆۋەن بىر گۇناھنىڭ ئۈستىدە ئۆلگەن بولسا، مادامىكى، شۇ گۇناھنى ھالال سانىمىغانلا بولسا، بۇ بەندىنىڭ ئىشى اللهقا تاپشۇرۇلىدۇ. الله ئۇ بەندىنى خالىسا ئازابلايدۇ، خالىسا مەغپىرەت قىلىدۇ. ئەكسىچە، ئازغۇن پىرقىلەر (يەنى خاۋارىج، مۇئتەزىلە دېگەندەك) گۇناھىي كەبىر ئۆتكۈزگەن مۇسۇلماننى «كاپىر» دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ ياكى «كاپىرمۇ ئەمەس، مۇسۇلمانمۇ ئەمەس، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئورۇندا تۇرىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. بىزنىڭ «ئەھلى سۈننەت ئەقىدىسىدىكىلەر ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننى شېرىك بولمىغان گۇناھىي كەبىر بىلەن كاپىرغا چىقارمايدۇ» دېگەن سۆزىمىزنىڭ دەلىلى:

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَنْ يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَٰلِكَ لِمَنْ يَشَاءُ وَمَنْ يُشْرِكْ بِاللَّهِ فَقَدِ افْتَرَىٰ إِثْمًا عَظِيمًا﴾ «الله ھەقىقەتەن اللهقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى اللهقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ» (سۈرە نىسا 48- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ يَا عِبَادِيَ الَّذِينَ أَسْرَفُوا عَلَىٰ أَنْفُسِهِمْ لَا تَقْنَطُوا مِنْ رَحْمَةِ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ جَمِيعًا إِنَّهُ هُوَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ﴾ «(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! اللهنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. الله ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» (سۈرە زۇمەر 53- ئايەت).

پەيغەمبەر ﷺ ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ يەنە بىر كىشىنى دەلىل-پاكىتسىز ھالدا كاپىرغا چىقىرىشىدىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق بىر (مۇسۇلمان) كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىغا <ئى كاپىر!> دېسە، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى كاپىر بولىدۇ. ئەگەر كاپىرغا چىقىرىلغۇچى قېرىندىشى ئۇ كىشى دېگەندەك (كاپىر) بولغان بولسا، ئۇ شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كاپىر بولمىسا، <كاپىر> دېگەن ھۆكۈم شۇ دېگۈچىنىڭ ئۆزىگە قايتىدۇ» (ئىمام مۇسلىم توپلىغان).

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر كىشىنى <كاپىر> ياكى <اللهنىڭ دۈشمىنى> دېگەن بولسا، ئۇ ئاشۇنداق (يەنى كاپىر ياكى اللهنىڭ دۈشمىنى) بولمىغان بولسا، ئۇ چاغدا بۇ ھۆكۈم شۇ دېگۈچى كىشىنىڭ ئۆزىگە قايتىدۇ» (ئىمام مۇسلىم توپلىغان).

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى <پاسىق> ياكى <كاپىر> دېگەن بولسا، ئەگەر شۇ دېيىلگۈچى كىشى دېگۈچى دېگەندەك بولمىسا، بۇ ھۆكۈم دېگۈچىگە قايتىپ بارىدۇ» (ئىمام بۇخارى توپلىغان).

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر مۆئمىننى <كاپىر> دېگەن بولسا، ئۇنداقتا <كاپىر> دېگۈچى ئۇ مۆئمىننى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش بولىدۇ» (ئىمام بۇخارى توپلىغان).

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىغا <ئى كاپىر!> دېگەن بولسا، ئۇ چاغدا چوقۇم ئىككىسىنىڭ بىرى كاپىر بولىدۇ» (ئىمام بۇخارى توپلىغان).

دېمەك، ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسىدىكىلەر بىدئەتنى قىلغان كىشىلەرنى «ئاسىي»، «گۇناھكار» ياكى «كاپىر» دەپ مۇتلەق ھۆكۈم قىلىش بىلەن مۇسۇلمانچىلىقى جەزمىيلىك بىلەن سابىت بولغان ئەمما بىرەر بىدئەتنى قىلىپ سالغان مۇئەييەن شەخسنى «ئاسىي»، «گۇناھكار»، «پاسىق» ۋە «كاپىر» دەپ ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ مۇئامىلە قىلىدۇ. يەنى ئومۇمىي كىشىلەرنى كاپىرغا چىقىرىش ۋە گۇناھكارغا چىقىرىش بىلەن مۇئەييەن شەخسنى كاپىرغا چىقىرىش، گۇناھكارغا چىقىرىش ۋە بىدئەتچىگە چىقىرىشنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇڭا ئەھلى سۈننەت ئەقىدىسىدىكىلەر كىشىگە ھەقنى بايان قىلماي تۇرۇپ ھۆكۈم قىلمايدۇ. ھەقنى بايان قىلىش دېگىنىمىز — ھۆججەت بەرپا قىلىش ۋە شۈبھىنى يوقىتىشتۇر. لېكىن ھۆججەت بەرپا قىلىش ۋە شۈبھىنى يوقىتىش دېگەن بۇنداق شەرتلەر پەقەت مەخپىي مەسىلىلەردە بولىدۇ. يەنى ئاۋام مۇسۇلمانلارغا ئوچۇق بولمىغان لېكىن خاس كىشىلەرگە (يەنى ئالىملارغا) ئوچۇق بولغان مەسىلىلەردە شەرت قىلىنىدۇ. «(مۇئەييەن شەخسنى) ھەقنى بايان قىلماي تۇرۇپ كاپىرغا چىقارمايمىز، گۇناھكار بىدئەتچىگە چىقارمايمىز؛ ھۆججەت تۇرغۇزماي تۇرۇپ ۋە شۈبھىنى يوقاتماي تۇرۇپ كاپىرغا چىقارمايمىز، بىدئەتچىگە چىقارمايمىز ۋە گۇناھكارغا چىقارمايمىز» دېگەن قائىدىلەر مەخپىي ئىشلاردا بولىدۇ.

دېمەك، ئەھلى سۈننەت ئەگەر بىر كىشىدە كاپىرغا چىقىرىشنىڭ شەرتلىرى تولۇق تېپىلمىسا ۋە توسالغۇلىرى يوقالمىسا، ئۇ كىشىنى كۇفرى ئەمەلنى قىلىپ سالغانلىق سەۋەبلىك كاپىرغا چىقارمايدۇ. ئۇ كىشىدە كاپىرغا چىقىرىشنىڭ شەرتلىرى تېپىلسا ۋە مانىئى (توسالغۇ)لىرى يوقالسا، ئۇ كىشى كۇفرى ئەمەلنى قىلغانلىقى ئۈچۈن (مەيلى ئۇ ئىش مەخپىي ئىشلار قاتارىدىن بولسۇن ياكى ئاشكارا ئىشلار قاتارىدىن بولسۇن) كاپىرغا چىقىرىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنهدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دېگەن: [مەن رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «بەنى ئىسرائىلدا ئىككى كىشى ئۆزئارا قېرىنداش ئىدى. ئىككىسىنىڭ بىرى گۇناھ ئۆتكۈزەتتى، يەنە بىرى ئىبادەتتە ئىنتايىن تىرىشچانلىق قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىبادەتتە تىرىشچانلىق قىلغىنى يەنە بىرىنىڭ دائىم گۇناھ

(ئاخىرى 2- بەتتە)

(بېشى 1- بەتتە)

ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: <توختىغىن، ئەمدى بولدى قىل!> دەيتتى. بىر كۈنى ئۇ ئاشۇ قېرىندىشىنى يەنە گۇناھ ئۈستىدە كۆرۈپ، ئۇنىڭغا: <توختىغىن!> دېگەنىدى، ئۇ: <مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، سەن ماڭا كۆزەتچى بولۇپ ئەۋەتىلگەنمىدىڭ؟> دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى كىشى: <الله سېنىڭ گۇناھىڭنى مەغپىرەت قىلمايدۇ (يەنە بىر نەقىلدە، الله سېنى جەننەتكە كىرگۈزمەيدۇ دەپ ئېلىنغان)> دېدى. بۇ ئىككىسى قەبزى روھ قىلىنىدى (يەنى ۋاپات بولدى). شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ ھوزۇرىدا بىر يەرگە جەملەندى. الله تعالى ئىبادەتتە تىرىشچانلىق قىلغان كىشىگە: <سەن مېنى بىلەمتىڭ؟ (ياكى سەن مېنىڭ قولۇمدىكى نەرسىلەرگە قادىرمىدىڭ؟)> دېدى. ئاندىن الله تعالى ھېلىقى گۇناھكار كىشىگە: <ماڭ، سەن جەننەتكە كىرگىن! مېنىڭ رەھمىتىم بىلەن جەننەتكە كىرگىن!> دېدى. ھېلىقى <الله سېنى جەننەتكە كىرگۈزمەيدۇ> دېگەن كىشىگە بولسا: <بۇنى دوزاخقا ئاپىرىڭلار!> دەپ پەرىشتىلەرگە بۇيرۇق قىلدى»]. ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه: «جېنىم قولىدا بولغان الله بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە، ھېلىقى كىشى شۇنداق بىر ئېغىر سۆزنى قىلغانكى، مانا بۇ سۆز ئۇ كىشىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرىتىنى ۋەيران قىلدى» دېدى (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# غازاتلار تارىخى



## رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ ئۇھۇد جېڭى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى دۇئاسى

مۇشرىكلار قايتقاندا رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلەرگە قاراپ: «مەن رەببىم ئەززە ۋە جەللەگە ھەمد ئېيتىۋالاي، سىلەر سەپنى رۇس قىلىپ تۇرۇڭلار» دېدى-دە، مۇنداق دۇئا قىلدى:

«ئى الله! بارلىق ھەمدۇ-سانا ساڭا خاستۇر. ئى الله! سەن كەڭ قىلغاننى تار قىلغۇچى يوقتۇر ۋە سەن تار قىلغاننى كەڭ قىلغۇچى يوقتۇر؛ سەن ئازدۇرغان كىشىنى ھىدايەت قىلغۇچى يوقتۇر، سەن ھىدايەت قىلغان كىشىنى ئازدۇرغۇچى يوقتۇر؛ سەن چەكلىگەن نەرسىنى بەرگۈچى يوقتۇر، سەن بەرگەن نەرسىنى توسۇپ قالغۇچى يوقتۇر؛ سەن يىراقلاشتۇرغان نەرسىنى يېقىنلاشتۇرغۇچى يوقتۇر، سەن يېقىنلاشتۇرغان نەرسىنى يىراقلاشتۇرغۇچى يوقتۇر؛ ئى الله! سەن بىزگە ئۆزۈڭنىڭ بەرىكەتلىرىڭنى، رەھمىتىڭنى، پەزلىڭنى ۋە رىزقىڭنى كەڭ قىلىپ بەرگىن!

ئى الله! مەن سەندىن مۇقىم ۋە دائىمىي بولغان يوقالمايدىغان نازۇ-نېئمەتلىك جەننەتنى سورايمەن. ئى الله! مەن سەندىن قىيىن كۈنلەردە ياردىمىڭنى ۋە خەۋپلىك كۈنلەردە ئامانلىقنى سورايمەن. ئى الله! مەن ساڭا سېغىنىپ، سەن ئاتا قىلغان ۋە سەن توسۇپ قالغان نەرسىلەرنىڭ زىيىنىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى الله! سەن بىزگە ئىماننى مەھبۇب قىلغىن، ئىماننى سۆيۈملۈك قىلىپ بەرگىن. ئى الله! قەلبلىرىمىزنى ئىمان بىلەن زىننەتلەپ بەرگىن، بىزگە كۇفرىنى، پاسىقلىقنى ۋە گۇناھنى ئۆچ كۆرسەتكىن ۋە بىزنى توغرا يول تاپقانلارنىڭ قاتارىدىن قىلغىن!

ئى الله! سەن بىزنى مۇسۇلمانلىق ھالەتتە ۋاپات قىلدۇرغىن ۋە مۇسۇلمانلىق ھالەتتە ياشاتقىن، بىزنى رەسۋا بولمىغان، پىتنىگە گىرىپتار بولمىغان ھالدا سالىھ بەندىلىرىڭ قاتارىغا قوشقىن. ئى الله! پەيغەمبىرىڭنى يالغانچىغا چىقارغان، سېنىڭ يولۇڭدىن توسقان كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچقىن، ئازابىڭنى ۋە غەزىپىڭنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرگىن. ئى جىمى مەخلۇقاتلارنىڭ ئىلاھى بولغان الله! كىتاب بېرىلگەنلەر ئىچىدىكى كاپىر بولغانلارغا ئۇرۇش ئاچقىن.

## ئۇھۇد جېڭى ئۈچ باسقۇچقا ئىگە بولغان

بىرىنچى باسقۇچ، غەلىبە باسقۇچى. بۇ بولسىمۇ مۇجاھىدلار قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلغان ۋە سەۋر قىلغان ۋاقىتتىكى مۇشرىكلارنىڭ مەغلۇپ بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلغان باسقۇچى.

ئىككىنچى باسقۇچى، مەغلۇبىيەت باسقۇچى. بۇ بولسىمۇ، مۇجاھىدلار قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغان، نەپسى ۋە دۇنيا لەززەتلىرىنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەن ۋاقىتتىكى باسقۇچ. يەنى مۇجاھىدلار غەنىيمەت يىغىشقا بېرىلىپ ئەمرگە ئاسىيلىق قىلغان باسقۇچ.

ئۈچىنچى باسقۇچ، دۈشمەننى پەيلىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا قارشى ھۇجۇم قىلىش باسقۇچى. بۇ بولسىمۇ، مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىغان ۋاقىتتا، بۇلارنى توسۇش ئۈچۈن «ھەمرائۇلئەسەد» دېگەن غازاتنى قوزغىغان باسقۇچ.

## ئۇقىرنىقلاردىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، جەڭ باشلىنىشىنىڭ ئالدىدا دۇئا قىلىش مۇستەھەپ بولغاندەك، جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن (يەنى مۇشرىكلار چېكىنگەندىن كېيىن)مۇ خۇرسەن بولۇپ، الله تعالىغا شۈكرى ۋە ھەمدۇ-سانا ئېيتىپ دۇئا قىلىشنىڭ مۇستەھەپ ئىكەنلىكى.

ئىككىنچى، قەلبىنىڭ دائىم اللهقا باغلانغان ھالەتتە داۋاملىشىشىنىڭ لازىملىقى. يەنى قەلبىنىڭ اللهقا باغلىنىشتىن توختاپ قالماسلىقنىڭ لازىم ئىكەنلىكى.

ئۈچىنچى، كىشى ئۆزىگە يەتكەن مۇسىبەتنىڭ ھەرگىزمۇ ئۆزىگە خاتا كېلىپ قالمايدىغانلىقى ۋە ئۆزىگە تەقدىر قىلىنمىغان مۇسىبەتنىڭ ئۆزىگە ھەرگىزمۇ يېتىپ قالمايدىغانلىقى ھەققىدە جەزمى ئىشەنچ قىلىشنىڭ لازىملىقى. يەنى تەقدىرگە جەزمىي ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ لازىملىقى.

تۆتىنچى، (دۇنيا شەھۋەتلىرى ۋە غەنىيمەتلەرنى ئىزدەش دېگەندەك) نەپسىنىڭ گۇناھ-مەئسىيەتلىرى ئىنسانلارنىڭ ۋە بىر جامائەتنىڭ بالايى-مۇسىبەتكە يولۇقۇشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقى.

## ھېكمەت دۇردانىلىرى

### مۇرتەدلىك توغرىسىدا

1

ئىسلام بولسا ھەرگىزمۇ يەرگە سېلىپ قويۇلمايدىغان بىر رىدادۇركى، ئەگەر بىر قەۋم ئۇنى تارتىپ چىقىرىپ تاشلىۋەتسە، الله تعالى ئۇ رىدا (كىيىم)نى باشقا بىرسىگە كىيدۈرۈپ قويىدۇ. الله تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أُولَئِكَ الَّذِينَ آتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ وَالْحُكْمَ وَالنُّبُوَّةَ فَإِنْ يَكْفُرْ بِهَا هَؤُلَاءِ فَقَدْ وَكَّلْنَا بِهَا قَوْمًا لَيْسُوا بِهَا بِكَافِرِينَ﴾ «ئۇلارغا كىتابنى، ھېكمەتنى ۋە پەيغەمبەرلىكنى ئاتا قىلدۇق، ئەگەر بۇ مۇشرىكلار ئۇلار (يەنى كىتاب، ھېكمەت ۋە پەيغەمبەرلىك)نى ئىنكار قىلسا، ئۇلارنى ئىنكار قىلمايدىغان باشقا بىر قەۋمگە تاپشۇرىمىز» (سۈرە ئەنئام 89- ئايەت).

—— ئابدۇلئەزىز تەرىفى

2

رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ زامانىدا (يەنى پەيغەمبەرلىك دەۋرىدە) نۇرغۇن كىشىلەر مۇرتەد بولدى. خەلىپىلەر زامانىدا نۇرغۇن جامائەتلەر مۇرتەد بولدى. مانا بۇلار ئىسلامغا پەقەت زىيان يەتكۈزەلمىدى ۋە ھەرگىزمۇ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەگەر بىر كىشى مۇرتەد بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر ئۇممەت مۇسۇلمان بولىدۇ. چۈنكى الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا مَنْ يَرْتَدَّ مِنْكُمْ عَنْ دِينِهِ فَسَوْفَ يَأْتِي اللَّهُ بِقَوْمٍ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، الله (ئۇنىڭ ئورنىغا) بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ» (سۈرە مائىدە 54- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

—— ئابدۇلئەزىز تەرىفى

# پەرقلەر تارىخى



## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامانىدىكى خاۋارىجلار

(بېشى ئالدىنقىساندا)

خاۋارىجلارنىڭ ھەزرىتى ئەلى رضي الله عنه ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۇئمىنلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ زالىملارچە جەڭ قىلىشىغا تۈرتكە بولغان مۇتەشابىھ ۋە خاتا دەلىل كەلتۈرۈشلىرىنىڭ جۈملىسىدىن، ئۇلارنىڭ: «ئەلى اللهنىڭ ئىشىدا رىجاللار (يەنى ئەمىر ئىبنى ئاس ۋە ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى دېگەن ئىككى ئىنسان)نى ھۆكۈم قىلغۇچى قىلدى. ھالبۇكى، الله تعالى: <ئىبادەت ۋە دىن بارىسىدىكى بارچە ھۆكۈملەر پەقەت الله قىلا خاس> (سۈرە يۈسۈف 40- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن تۇرسا! نېمىدەپ بۇ ئىككى ئىنسان ھۆكۈم ئىشىغا ئارىلىشىۋالىدۇ؟ الله تعالى ھۆكۈم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ كىشىلەر نېمىشقا ھۆكۈم ئىشىغا ئارىلىشىۋالىدۇ؟» دېگەن سۆزىدۇر. مانا بۇلار —— ئۇلارنىڭ ئايەت-ھەدىسلەرنى خاتا چۈشىنىۋېلىشىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

خاۋارىجلارنىڭ خاتا دەلىل كەلتۈرۈشلىرىنىڭ جۈملىسىدىن بولغان سۆزىنىڭ ئىككىنچىسى بولسا: «ئەلى مۇئاۋىيە ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان كىشىلەرگە قارشى جەڭ قىلدى-يۇ، لېكىن ئەسىر ۋە غەنىيمەت ئالمىدى. ئەگەر مۇئاۋىيە ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان كىشىلەر مۇئمىن بولىدىغان بولسا، ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلىش ۋە ئۇلارنى ئەسىر ئېلىش بىزگە ھالال بولمايتتى» دېگەن سۆزىدۇر. ئۇلارنىڭ مۇشۇ سۆزلىرىمۇ خاتا دەلىل كەلتۈرۈشىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئۇلارنىڭ مۇتەشابىھ ھەدىس ۋە ئايەتلەرگە ئەگىشىپ خاتا دەلىل كەلتۈرۈشلىرىدىن بولغان سۆزىنىڭ ئۈچىنچىسى شۇكى: «ئەلى ئۆزىنى <ئەمىرۇلمۇئمىنىين> دېگەن قاتاردىن ئۆچۈرۈۋەتتى (يەنى ئەلى مۇئاۋىيە ۋە مۇئاۋىيە تەرەپتىكى شام ئەھلى بىلەن سۈلھى قىلىشماقچى بولغاندا <ئەمىرۇلمۇئمىنىين> دېگەن ئىسىمنى ئۆچۈرۈۋەتتى). ئەگەر ئۇ ئەمىرۇلمۇئمىنىن بولمىسا ئەلۋەتتە ئەمىرۇلكافىرىين (كاپىرلارنىڭ ئەمىرى)دۇر».

ئىبنى ئابباس رضي الله عنه ئۇلارنىڭ يۇقىرىدىكى ئۈچ تۈرلۈك خاتا دەلىل كەلتۈرۈشلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ شۇ خاۋارىجلار بىلەن بولغان مەشھۇر مۇنازىرىسىدە ئۇلارغا تۆۋەندىكىدەك جاۋابلارنى بەردى.

ئىبنى ئابباس رضي الله عنه: «سىلەرنىڭ <ئەلى اللهنىڭ ئىشىدا ئىنسانلارنى ھۆكۈم چىقارغۇچى قىلدى> دېگەن سۆزۈڭلارغا كەلسەك، مەن سىلەرگە اللهنىڭ كىتابىدىكى سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارنى بىتچىت قىلىۋېتىدىغان بىر ئايەتنى ئوقۇپ بېرەي، سىلەر سۆزۈڭلاردىن يانامسىلەر؟» دېگەندە، خاۋارىجلار: «شۇنداق» دېيىشتى. ئىبنى ئابباس رضي الله عنه: [الله ئەززە ۋە جەللە قىممىتى تۆتتىن بىر دەرھەم بولغان بىر ئىشتا ئۆزىنىڭ ھۆكمىنى ئىنسانلارغا تاپشۇردى. بۇنىڭغا الله تعالىنىڭ: «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئۆۋلىغان ھايۋانلارنى ئېھرامدا ياكى ھەرەمدە تۇرۇپ ئۆلتۈرمەڭلار. سىلەردىن كىمكى ئۇنى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئىشىنىڭ ۋابالىنى تېتىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جازاسى ئىككى ئادىل كىشىنىڭ باھالىشى بويىچە ھېلىقى ئۆلتۈرۈلگەن ئوۋغا ئوخشاش ئۆي ھايۋانلىرىدىن بىرىنى كەئبىگە ئېلىپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىشتۇر، ياكى كەففارەت بېرىش يۈزىسىدىن مىسكىنلەرگە ئاش بېرىشتۇر، ياكى ھەر مىسكىنگە بېرىدىغان ئاشنىڭ باراۋىرىگە بىر كۈن روزا تۇتۇشتۇر. ئۆتكەنكى گۇناھنى (يەنى بۇ ئايەت چۈشۈشتىن بۇرۇن ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئۆلتۈرگەن بولساڭلار، بۇنى) الله ئەپۇ قىلدى، كىمكى قايتا گۇناھ ئۆتكۈزسە (يەنى قايتىدىن ئوۋ ئۆلتۈرسە)، الله ئۇنى جازالايدۇ، الله غالىبتۇر، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى) جازالىغۇچىدۇر» (سۈرە مائىدە 95- ئايەت) دېگەن ئايىتى دەلىلدۇر. ھەتتا خوتۇن كىشى ۋە ئۇنىڭ ئېرى توغرىسىدىكى تالاش-تارتىش ھەققىدىمۇ الله تعالى ئۆزىنىڭ ھۆكمىنى ئىنسانلاردىن بولغان ئىككى ئەر كىشىگە تاپشۇردى. «ھۆكۈم قىلىش اللهقىلا خاس» دېگەن بۇ گەپ مۇتلەق گەپ ئەمەس. ئەڭ ئالىي ھۆكۈم قىلىش اللهقا خاس، لېكىن ئەڭ ئالىي ھۆكۈمنىڭ تېگىدە ھۆكۈم قىلىش ئەرلەرگىمۇ خاس (يەنى ئەرلەر كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىشلارغا ھۆكۈم قىلىپ قويسا بولىدۇ دېمەكچى). بۇ ھەقتە الله تعالى سۈرە نىسانىڭ 35- ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئەر-خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئىناقسىز بولۇپ قېلىشىدىن قورقساڭلار، ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى، خوتۇننىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى ئەۋەتىڭلار. الله ئەگەر بۇ ئىككى كىشىنى ئەپلەشتۈرۈشنى خالىسا، ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئىناقلىق سالىدۇ. الله ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر». مەن سىلەردىن اللهنىڭ نامىنى شېپى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ سورايمەن: «ئارىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە باشقىلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشنى ھالال ساناش ئۈچۈن ئەرلەرنى ھۆكۈم قىلدۇرۇشنى <ئەۋزەل> دەپ قارامسىلەر ياكى قىممىتى تۆتتىن بىر دەرھەمچىلىك كېلىدىغان توشقان ۋە ياكى ئايال كىشىنىڭ ئەۋرىتى ھەققىدە رىجاللارنى ھۆكۈم قىلدۇرۇشنى <ئەۋزەل> دەپ قارامسىلەر؟ (دېمەك، تۆتتىن بىر دەرھەمچىلىك كېلىدىغان توشقان ۋە ئايال كىشىنىڭ ئەۋرىتى ھەققىدە ئىنسانلارنى ھۆكۈم قىلدۇرۇش

(ئاخىرى 3- بەتتە)

(بېشى 2- بەتتە)
دۇرۇس بولغان يەردە، مۇنداق چوڭ ئىككى مۇسۇلمانلار گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدا تالاش-تارتىش ۋە جېدەل چىقسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىككى ھۆكۈم قىلغۇچىنى چىقىرىپ ھۆكۈم قىلدۇرۇش سىلەرگە تېخىمۇ يوللۇق ئىش ئەمەسمۇ؟)»] دەپ مۇشۇ سوئالنى سورىغاندىن كېيىن، ئۇلار: «بەلكى بۇنى <ئەۋزەل> دەپ قارايمىز، يەنى <ئارىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن رىجاللارنى ھۆكۈم قىلدۇرۇش ئىشى ئەلۋەتتە توشقان ھەققىدىكى رىجاللارنى ھۆكۈم قىلدۇرۇش ئىشىدىن ئەۋزەلرەك> دەپ قارايمىز» دەپ جاۋاب بەردى. ئىبنى ئابباس رضي الله عنه: «بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈشتە، ئەمدى سىلەر بىلەن بولغان مۇنازىرە ئاياغلاشتىمۇ؟ ياخشى چۈشەندۈردىمۇ؟» دېگەندىن كېيىن، ئۇلار: «ھەئە» دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىبنى ئابباس رضي الله عنه: «ئەمدى سىلەرنىڭ <ئەلى ئۇرۇش قىلدى، ئەسىر ۋە غەنىيمەت ئالمىدى> دېگەن سۆزۈڭلارغا كەلسەك، سىلەر ئاناڭلار ئائىشەنى ئەسىر ئالامسىلەر؟ الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر <ئائىشە بىزنىڭ ئانىمىز ئەمەس> دەيدىغان بولساڭلار ئىسلامدىن چىققان بولىسىلەر. الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر <ئائىشەدىن باشقا ئاياللارنى ھالال سانايمىز> دېسەڭلار يەنە ئىسلامدىن چىققان بولىسىلەر. دېمەك، سىلەر ئىككى ئازغۇنلۇقنىڭ ئىچىدە. چۈنكى الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: <پەيغەمبەر مۆئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسلىرىدىنمۇ چارىدۇر، پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر، كىتابۇللاھتا ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە (مىراس ئېلىشتا) مۆئمىنلەردىن ۋە مۇھاجىرلاردىن يېقىندۇر، لېكىن (مۆئمىنلەردىن ۋە مۇھاجىرلاردىن بولغان) دوستلىرىڭلارغا ۋەسىيەت قىلساڭلار دۇرۇس بولىدۇ، بۇ (يەنى تۇغقانلارنىڭ ئۆزئارا مىراسقا ۋارىسلىق قىلىشى)، كىتابتا (يەنى اللهنىڭ كىتابىدا) يېزىلغاندۇر> (سۈرە ئەھزاب 6- ئايەت). ئەگەر سىلەر <ئائىشە بىزنىڭ ئانىمىز ئەمەس> دېسەڭلار، ئىسلامدىن چىققان بولدۇڭلار. دېمەك، بۇ مەسىلىدىن چىقىپ بولدۇممۇ؟ بۇ مەسىلىدىكى مۇنازىرە تۈگىدىمۇ؟» دېگەندىن كېيىن، ئۇلار: «بۇ مەسىلىدىكى مۇنازىرىدە بىزنى يەڭدىڭ» دېدى. ئىبنى ئابباس رضي الله عنه: [ئەمدى سىلەرنىڭ «ئەلى <ئەمىرۇلمۇئمىنىين> دېگەن ئىسمىنى ئۆچۈرۈۋەتتى» دېگەن سۆزۈڭلارغا كەلسەك، مەن سىلەرگە سىلەر رازى بولىدىغان بىر كىشى (يەنى رەسۇلۇللاھ ﷺ)نى مىسال قىلىپ كەلتۈرىمەن. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇشرىكلارنىڭ كاتىپى ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب ۋە سۇھەيل ئىبنى ئەمر بىلەن سۈلھى يېزىشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئى ئەلى، ياز! <مانا بۇ — اللهنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قىلىشقان سۈلھى> دەپ يازغىن!» دېگەندە، مۇشرىكلار: «الله بىلەن قەسەم، ئى مۇھەممەد! بىز سېنىڭ اللهنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىڭنى بىلسەك ئىدۇق، سەن بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان بولاتتۇق» دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئى الله! ھەقىقەتەن سەن مېنىڭ اللهنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمنى ئوبدان بىلىسەن. ئى ئەلى! <رەسۇلۇللاھ> دېگەن ئىسمىنى ئۆچۈرگىن. <مانا بۇ — ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد قىلىشقان سۈلھى> دەپ ياز!» دېگەن. شۇڭا، الله بىلەن قەسەم، اللهنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ﷺ ئەلىدىن ياخشىراق ئىدى. شۇڭلاشقا ئەلىمۇ «ئەمىرۇلمۇئمىنىين» دېگەن ئىسمىنى ئۆچۈرۈۋەتكەن] دېدى. ئىبنى ئابباس رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «خاۋارىجلاردىن 2000 كىشى خاۋارىجلىق ئەقىدىسىدىن ياندى. قالغانلىرى خاۋارىج بولۇپ چىقىۋەردى، كېيىن ئۆلتۈرۈلدى» (ۋادىئى دېگەن ئالىمنىڭ «صحيح دلائل النبوة» دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى، ئىسنادى ھەسەن).

شۇنىڭ ئۈچۈن خاۋارىجلارنىڭ سۈپىتى رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ سۆزىگە ئاساسەن مۇنداق كەلگەن: «شەك-شۈبھىسىزكى، ئۇلار (يەنى خاۋارىجلار) اللهنىڭ كىتابىدىن ھېچنەرسىدە ئەمەس تۇرۇقلۇق اللهنىڭ كىتابىغا چاقىرىدۇ». يەنى ئۇلار بىدئەت ۋە ئازغۇنلۇققا چۆمگەن تۇرۇقلۇق اللهنىڭ كىتابىغا چاقىرغان كىشىلەردۇر.
(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# ئىسلام ۋە بۈگۈنكى دۇنيا

## «يادرو قورالليرىنى كېڭەيتمەسلىك شەرتنامىسى»

بۇ شەرتنامە خەلقئارالىق شەرتنامە بولۇپ، 1968- يىلى 6- ئاينىڭ 1- كۈنى بۇ شەرتنامىگە ئىمزا قويۇش باشلانغان. بۇ شەرتنامىنىڭ مەقسىتى — خەلقئارالىق تىنچلىق ۋە ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىگە تەھدىت سالىدىغان يادرو قوراللىرىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىگە چەك قويۇشتۇر.

ھىندىستان، پاكىستان ۋە ئىسرائىلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر يادرو قوراللىرىغا ئىگە دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ شەرتنامىگە ئىمزا قويۇشتىن باش تارتقان. شىمالىي كورىيىمۇ 2003- يىلى بۇ شەرتنامىدىن چېكىنىپ چىققان. ئامېرىكا قوشما شتاتى ئىراننى «يادرو قوراللىرىغا ئىگە بولۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ» دەپ تۆھمەت قىلدى. بۇ تۆھمەت بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى ئاتوم ئېنېرگىيە ۋاكالەتچىلىك ھوقۇقى ئارقىلىق ئىراننى تەكشۈرۈشكە قىستىدى.

ئىرېلاندىيە يادرو قوراللىرىنىڭ تارقىلىشىغا چەك قويۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، فىنلاندىيە بولسا بۇ شەرتنامىگە ئىمزا قويغان تۇنجى دۆلەت بولدى. بۇ شەرتنامىگە ئىمزا قويغان دۆلەتلەرنىڭ سانى 189 غا يەتكەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئامېرىكا قوشما شتاتى، رۇسىيە، خىتاي، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىلەر بار ئىدى. ئەمما شەرتنامىگە قول قويغان دۆلەتلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى يادرو قوراللىرىغا ئىگە ئەمەس ئىدى.

بۇ شەرتنامىنىڭ مۇددىتىنى چەكسىز مۇددەتكە ئۇزارتىش ھەم ئىشقا ئاشتى. بۇ ئىش 1995- يىلىدىكى يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئورۇنلاندى. بۇ يىغىن بولسا مەخسۇس مۇشۇ شەرتنامىگە قايتا قاراپ چىقىش ۋە بۇ شەرتنامىنىڭ مۇددىتىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن ئېچىلغان يىغىن ئىدى.

ئۆزىنىڭ يادرو قوراللىرى دۆلىتى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان ۋە «يادرو قوراللىرىنى كېڭەيتمەسلىك شەرتنامىسى»گە ئىمزا قويغان بەش دۆلەت بار بولۇپ، بۇلار — ئامېرىكا (6970 دانە يادرو ئوق بېشىغا ئىگە)، سوۋېت ئىتتىپاقى (يەنى ھازىرقى رۇسىيە، 7300 دانە يادرو ئوق بېشىغا ئىگە)، فرانسىيە (300 دانە يادرو ئوق بېشىغا ئىگە)، خىتاي (200 دانە يادرو ئوق بېشىغا ئىگە)



ۋە ئەنگلىيە (215 دانە يادرو ئوق بېشىغا ئىگە) قاتارلىقلاردۇر. يەنە ئۇلارغا قوشۇلۇپ ھىندىستان (110 دىن 120 گىچە يادرو ئوق بېشىغا ئىگە) ۋە پاكىستان (120 دىن 130 غىچە يادرو ئوق بېشىغا ئىگە)مۇ بار. ھىندىستان بىلەن پاكىستان شەرتنامىگە قول قويمىغان دۆلەتلەر ھېسابلىنىدۇ. ئىسرائىلىيە بولسا 200 گە يېقىن يادرو ئوق بېشىغا ئىگە، شىمالىي كورىيە بولسا 10 دانە يادرو ئوق بېشىغا ئىگىدۇر. بۇنىڭ ئىچىدە يەنە «يادرو قوراللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ» دەپ تۆھمەت قىلىنغان ئىرانمۇ بار بولۇپ، ئامېرىكا قوشما شتاتى «ئىران يادرو كېلىشىمى»دىن ئاخىرى ئۆزى چېكىنىپ چىقىپ كەتتى («بروج النشر الوعي بالسياسة الشرعية» ناملىق تېلېگرام قانىلىدىن ئېلىندى).

## جەيش ئەدىل جامائىتى قانداق جامائەت؟




«جەيش ئەدىل (يەنى ئادالەت ئارمىيىسى)» دېگەن بۇ جامائەت بەلۇجىستاندىكى جۇندۇللاھ ھەرىكىتى (جامائىتى)نىڭ داھىيسى ئابدۇلمەلىك رىگى 2010- يىلى ئىران ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن يوقىتىلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنى 2012- يىلى سىستان ۋە بەلۇجىستان ۋىلايەتلىرىدە قۇرۇلغان جامائەتتۇر.

ئابدۇرەھىم موللازادە دېگەن كىشى جۇندۇللاھ جامائىتىنىڭ ئەمىرى بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن ئابدۇرەھىم رىگى (ئابدۇلمەلىك رىگىنىڭ قېرىندىشى) بىلەن «جەيش ئەدىل» دېگەن جامائەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ جامائەت ئىران ھۆكۈمىتىگە قارشى قوراللىق ئۇرۇش قىلىدىغان ھەرىكەت ۋە گۇرۇھلارنىڭ بىرلەشمىسى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىققان جامائەتتۇر.

2012- يىلىنىڭ ئاخىرىدا موللازادە دېگەن كىشى جەيش ئەدىل جامائىتىگە ئەمىر بولۇپ جامائەت ئەزالىرىدىن بەيئەت ئالدى. بۇ كىشىنىڭ باياناتلىرى مەخسۇس «سالاھىدىن فارۇقىي» دېگەن نام بىلەن چىقىدىغان بولۇپ، ئۇ بەلۇجىستاندىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچىلىرى ئىچىدە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىكىدۇر. ئۇ ئىلگىرى جۇندۇللاھ جامائىتىدە قوماندان ئىدى.

كۆزەتكۈچىلەرنىڭ قارىشىچە، «جەيش ئەدىل» بولسا جۇندۇللاھ جامائىتىنىڭ يېڭىچە ئىسمى ئىكەن. بۇ، 2003- يىلى قۇرۇلغان، مەخسۇس ئىران رافىزىي ھۆكۈمىتىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈچى سۈننىي مەزھىپىدىكى ئىسلامىي تەشكىلات بولۇپ، بۇ جامائەتنىڭ تۇرار جايى بولسا ئىراننىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بەلۇجىستان دېگەن جايدۇر. موللازادىنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار شۇ يۇرتلاردىكى ئەھلى سۈننە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جەڭ قىلىدىكەن.

«جەيش ئەدىل» دېگەن بۇ جامائەت ئۈچ كەتىبىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ ئۈچ كەتىبە شۇ جامائەتنىڭ ئەزالىرىدىن بولغان ئۈچ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. بۇ ئۈچ كىشى ئىران ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەن ياكى ئىران ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ ئۈچەيلەن بولسا ئابدۇلمەلىك موللازادە، نېئمەتۇللاھ تەۋھىدى ۋە شەيخ زىيائى قاتارلىقلاردۇر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە كەتىبەتۇ ئەمنىيە (يەنى خەۋپسىزلىك كەتىبىسى) دەپ بىر كەتىبە بار بولۇپ، بۇلار مەخسۇس رازۋېدكا قىلىش ۋە چارلاش خىزمىتىنى ئۆتەيدۇ. «جەيش ئەدىل»نىڭ قوماندانىنىڭ پاكىستاننىڭ بەلۇجىستان رايونىدىكى بەلۇج قەبىلىلىرى بىلەن زىچ ئالاقىسى بار بولۇپ، بۇ كىشى ئۇ قەبىلىلەرنىڭ بەزىسى بىلەن تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە. ئۇ بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئارىسىدا نەچچە يىللار ياشىغان. فارۇقىي بولسا بەلۇجىستاندىكى بۇ جامائەتنىڭ تەجرىبىلىك قوماندانى ۋە دانىشمىنى ھېسابلىنىدۇ («بروج الوعي بالسياسية الشرعية» ناملىق تېلېگرام قانىلىدىن ئېلىندى).

# ئەسكىرىي تەلىم






(بېشى ئالدىنقى ساندا)

### دۆڭ بار يوللاردىن يۈرۈش

يول يۈرۈش جەريانىدا ئېگىزلىك ياكى دۆڭگە دۈچ كەلسەك، توت-بەش مېتىردىن ئارىلىق ساقلاپ ماڭىمىز. دۆڭگە چىقماي ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدىغان يول بولسا، ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىمىز. ئۇنداق يول بولمىسا، بىخەتەرلىك قائىدىلىرىنىڭ ھەممىسىگە رىئايە قىلغان ھالەتتە




پىلىموت ۋە قەنناس ئاتقۇچىلارنى دۆڭگە قارىتىپ مۇداپىئەگە قويۇپ، ئىككى ئاساسلىق رازۋېدچىكنى ئەۋەتىمىز. بۇ ئىككىيلەن بىر-بىرىگە ماسلىشىپ كۆزىتىپ مېڭىپ دۆڭگە چىقىدۇ. بىخەتەر بولسا ھەممىمىز تەرتىپ بويىچە ماڭىمىز.

ئەسكەرتىش: ئىككى ئاساسلىق رازۋېدچىك دۆڭگە يېقىنلاشقۇچە كۆزىتىپ ماڭىدۇ. يېقىنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، تېز دۆڭگە چىقىۋالىدۇ، قانچە تېز چىقىۋالساق شۇنچە ياخشى. چۈنكى دۆڭنىڭ ئۇ تەرىپىدە دۈشمەن بولۇپ، دۆڭگە بىزدىن بۇرۇن چىقىۋالسا خەتەرلىك.

ئەگەر دۈشمەن رازۋېدچىكلاردىن بۇرۇن بۇ دۆڭگە چىقىپ قالسا، مۇداپىئەدىكىلەر ئوق ئېتىپ بېرىدۇ، ئىككى ئاساسلىق رازۋېدچىك چېكىنىپ بولغاندىن كېيىن باشقىلارمۇ تەرتىپ بويىچە چېكىنىدۇ.

### تاغ ئارىلىقىدىكى يول ياكى جىرادىن ئۆتۈش

بىز بۇ يولدىن ئۆتمەكچى، لېكىن تاغلاردا دۈشمەن بار-يوقلۇقىنى بىلمەيمىز. بۇ ئەھۋالدا بىز تاغنى كۆزىتىشكە ئادەم چىقىرىمىز. ئادەمنى سانىمىزنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە ۋە تاغنىڭ شارائىتىغا قاراپ بەلگىلەيمىز. مەسىلەن، سانىمىز كۆپ بولسا ۋە ئىككىلى تاغقا چىقىش ئىمكانىيىتى بولسا (يەنى تاغ چىقالمىغۇدەك
(ئاخىرى 4- بەتتە)

(بېشى 3- بەتتە)

دەرىجىدە ئېگىز بولمىسا) ئىككىلى تاغقا ئادەم چىقىرىمىز. بىر تاغدىكىلەر يەنە بىر تاغدىكىلەرنىڭ كۆزىتەلمىگەن يەرلىرىنى كۆزىتىپ ۋە ئۆزئارا مۇھاپىزەت قىلىشىپ ماڭىدۇ. يولدىكىلەر يولنىڭ قايسى تەرەپتە مۇداپىئەلەنگۈدەك يەر بولسا، شۇ تەرەپتە ئارىلىق تاشلاپ ماڭىدۇ ياكى گۇمانلىق تاغقا يېقىن ماڭىدۇ. ئەگەر تاغنىڭ بىرسىگە چىقىشقا ئىمكانىيەت بولمىسا، يەنە بىرسىگە ئىككى رازۋېدچىكنى چىقىرىمىز. بۇلار ئۆزى چىققان تاغنى ۋە يەنە بىر تاغنى كۆزىتەلىگىنىچە كۆزىتىپ ماڭىدۇ. يولدىكىلەر ئارىلىق تاشلاپ رازۋېدچىكلار چىقالمىغان تىك تاغقا يېقىن ماڭىدۇ.




## ئوچۇقچىلىقتىن ئۆتۈش

بىز بۇ ئوچۇقچىلىقتىن ئۆتمەكچى، لېكىن ئالدىمىزدا دۈشمەن بار- يوقلۇقى ئېنىق ئەمەس. بۇ ھالەتتە، بۇرۇن ئۆگەنگەن بىخەتەرلىك قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلغان ئاساستا خەتەرلىك ئورۇنلارنى بىلىۋالىمىز، كۆزىتىش ئۈچۈن مۇۋاپىق ئورۇنغا ئورۇنلىشىمىز. ئىككى ئاساسلىق رازۋېدچىك، ئەمىر، قەنناس ئاتقۇچىلار خەتەرلىك ئورۇنلارنى بۆلۈشۈۋېلىپ كۆزىتىدۇ.




ياخشى كۆزىتىپ بولغاندىن كېيىن، دۈشمەننىڭ يوقلۇقىغا جەزم قىلساق، بۇرۇنقى تەرتىپ بويىچە ئىككى ئاساسلىق رازۋېدچىك ئالدىدا كۆزىتىپ ماڭىدۇ، قالغانلار كەينىدە ئارىلىق تاشلاپ ماڭىدۇ.

ئەگەر كۆزىتىپمۇ بۇ يەردە دۈشمەن بار- يوقلۇقىنى بىلەلمىسەك، مۇداپىئەلەرگە ئادەم قويۇپ، ئىككى رازۋېدچىكنى ئەۋەتىمىز، ئوچۇقچىلىق 150 مېتىردىن ئارتۇق (يەنى 400 ياكى 500 مېتىر) بولۇپ قالسا رازۋېدچىكلارغا ئىككى ياكى ئۈچ ئادەم قوشۇپ ئەۋەتىمىز، مۇداپىئەدە تۇرغانلار چوقۇم رازۋېدچىكلارنى كۆرۈپ تۇرالىشى كېرەك.




رازۋېدچىكلار بېرىپ كۆزىتىپ بىخەتەرلىك ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن، ئىككىنچى رازۋېدچىك ئەمىرگە شەرتلىك بەلگىلەر ئارقىلىق خەۋەر قىلىدۇ. (ئىككىنچى رازۋېدچىكنىڭ بىرىنچى رازۋېدچىكنى قوغداش، ئەمىرنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بىرىنچى رازۋېدچىكقا يەتكۈزۈش ۋە بىرىنچى رازۋېدچىكنىڭ خەۋەرلىرىنى ئەمىرگە يەتكۈزۈش قاتارلىق ۋەزىپىلىرى بار.) شۇڭلاشقا ھەرۋاقىت ئىككىنچى رازۋېدچىك ئەمىرنى كۆرۈپ تۇرالىشى كېرەك. ئارىلىق ئۇزىراپ كېتىپ ياكى بىرەر توسالغۇ سەۋەبلىك ئەمىرنى كۆرەلمىسە، ئەمىرگە ئەھۋالنى ئېيتىدۇ. ئەمىر ئارىلىقتا، يەنى ئىككى ئاساسلىق رازۋېدچىكنى ۋە ئەمىرنى كۆرۈپ تۇرالايدىغان ئورۇنغا بىر ئادەم قويۇشى كېرەك.

ئىككى ئاساسلىق رازۋېدچىك ئالدى تەرەپنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئەمىرگە خەۋەر قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئىككىسى بەك ئىچكىرىلەپمۇ كەتمەيدۇ، بەك ئوچۇقچىلىقتىمۇ تۇرۇۋالمايدۇ. قالغانلار ئىككى- ئىككىدىن كېلىدۇ. ئاۋۋال ماڭغان ئىككى ئادەم ئىككى رازۋېدچىكنىڭ ئورنىغا كېلىدۇ. ئىككى ئاساسلىق رازۋېدچىك يەنە سەل ئالدىغا ئىلگىرىلەيدۇ. كېيىن كەلگەنلەر بۇرۇن كەلگەنلەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىدۇ. بۇرۇن كەلگەنلەر ئالدىغا ئاستا ئىلگىرىلەيدۇ، شۇ ئۇسۇلدا ئوچۇقچىلىقتىن ھەممەيلەن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئاۋۋالقى تەرتىپ بويىچە يولنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئەگەر ئىككى ئاساسلىق رازۋېدچىك، ئەمىر ۋە قەنناس ئاتقۇچىلار كۆزىتىپ، دۈشمەن بارلىقىغا جەزم قىلسا، دۈشمەننىڭ خەتەرلىك جايلىرىدىن يىراقلىشىپ، ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىش كېرەك.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

## سەبىيلەر سەھىپىسى

1. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى قېنى كىم تېز ھەم توغرا تاپالايدۇ؟
ئوتقا قويساڭ قايناپ، تېشىپ كېتىدۇ،
كۆنگە قويساڭ ئۆيۈپ، ئېچىپ كېتىدۇ.
2. تۆۋەندىكى شېئىري تېپىشماقنى تېپىپ بېقىڭ!
بىر يېرى قۇش،
بىر يېرى چاشقان.
تۈندە ئويناپ،
كۈندۈزدىن قاچقان.

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:
1. ياڭاق، بادام.
2. چاشقان بىلەن تاختا مۇشۇك.

# جىهاد چەشمىلىرى

■ 1- ئاينىڭ 3- كۈنى سومالى ساتقىن ھۆكۈمىتى پايتەخت مۇقدىشۇنى يېقىنىدا كۆپىيىۋاتقان ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرىنىڭ جىھادىي ئەمەلىيەتلىرىدىن قوغداش ئۈچۈن يەنە 1000 نەپەر ئەسكەر تەييارلىماقچى بولغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

■ 1- ئاينىڭ 3- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى 13 نەپەر سومالى ساتقىن ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆزىگە تەسلىم بولغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

■ «جۇڭگو ئۇيغۇر رادىئو تورى»دا ئېلان قىلىنىشىچە، 1- ئاينىڭ 4- كۈنى چۈشتىن بۇرۇن تاجاۋۇزچى خىتاي كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ 2019- يىلىدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق بۇيرۇقىنى ئىمزالاپ، پۈتۈن ئارمىيىگە مەشىق باشلاش سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقىنى ئېلان قىلغان.

■ 1- ئاينىڭ 5- كۈنى يەمەن ئەلقائىدە مۇجاھىدلىرى بىر بايانات ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ باياناتتا يەمەن ئەلقائىدە جامائىتى ئەمىرلىرىدىن بولغان مۇجاھىد شەيخ جامال باداۋىنىڭ يەمەننىڭ مەئرىب شەھىرىدە ئامېرىكىنىڭ ئۇچقۇچىسىز جاسۇس ئايروپىلانى تەرىپىدىن بومباردىمان قىلىنىپ شەھىد بولغانلىقى ئېلان قىلىنغان.

بۇ مۇجاھىد شەيخ بولسا 2000- يىلى 10- ئاينىڭ 12- كۈنى يەمەننىڭ ئادېن پورتىدا ماي قاچىلاۋاتقان ئامېرىكىنىڭ «USS Cole» نامىلىق ئاۋئاماتكىسىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان پىدائىيلىق ئەمەلىيىتىنىڭ باش پىلانلىغۇچىسى بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە 12 نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرى ئۆلۈپ، 39 نەپىرى يارىلانغان ئىدى. بۇ ئەمەلىيەت ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ يېقىنقى زاماندا ئۇچرىغان ئەڭ چوڭ زەربىسى ھېسابلىنىدۇ.

■ 1- ئاينىڭ 7- كۈنى شۋېتسارىيىنىڭ خەۋەر تور بېتىدە تارقالغان خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، شۋېتسارىيە سوت مەھكىمىسى 22 ياشلىق بىر مۇسۇلمان يىگىتكە 167 ياۋرو جەرىمانە قويغان. بۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەبى ــــ بۇ يىگىت 2018- يىلى 8- ئايدا بىر ئاغىنىسىگە يۇقىرى ئاۋازدا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن ئىكەن.

■ 1- ئاينىڭ 7- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى بادغىس ۋىلايىتىنىڭ ئابكامىرى رايونىدا ساتقىن ئافغان ھۆكۈمەت ئارمىيىسىگە قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 18 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە تۆت دانە بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىنى فەتھە قىلغان.

■ 1- ئاينىڭ 8- كۈنى ئەنسارۇششەرىئە مۇجاھىدلىرى ئەبيان ۋىلايىتىنىڭ ماخفاد رايونىدا ئاتالمىش ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى تەرىپىدىن تەييارلانغان «قۇۋۋەت ھازىم ئەمنى» نامىدىكى ياللانما ئەسكەرلەرنىڭ بىر ئەسكىرىي ماشىنىسىغا قارىتا مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ماشىنا ئىچىدىكى ئەسكەرلەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 1- ئاينىڭ 8- كۈنى تارقالغان خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، مۇجاھىدلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن كاناداغا مەشىق قىلىشقا ئەۋەتىلگەن 200 نەپەر مالى ئەسكىرى يوقاپ كەتكەن. 2018- يىلى 11- ئايدا مالى ھۆكۈمىتى بۇ ئەسكەرلەرنى كاناداغا ئاتالمىش تېررورچىلارغا (يەنى مۇجاھىدلارغا) قارشى ئەسكىرىي مەشىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن بولۇپ، بۇ ئەسكەرلەر ئىچىدىن 80 نەپىرى كانادا ھۆكۈمىتىدىن سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن. بۇلار كانادا ھۆكۈمىتىگە: «ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالى خەتەرلىك، ئەگەر بىز دۆلىتىمىزگە قايتساق، بىزنى مۇجاھىدلارغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ئورۇنلاشتۇرىدۇ» دېگەن. مالى ھۆكۈمىتى كانادادىن بۇ ئەسكەرلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئەگەر قايتۇرۇپ بەرمىسە كانادا بىلەن ئەسكىرىي ھەمكارلىقىنىڭ ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

■ 12- ئاينىڭ 27- كۈنى تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئەسكەرلىرى بىلەن ساتقىن ئافغان ئەسكەرلىرى ئافغانىستاننىڭ خوست ۋىلايىتى نۇرى كالا مەنتىقىسىدىكى بازارغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن دۇكانلارنى ۋەيران قىلغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مال- مۈلۈكلىرىنى بۇلىغان.

■ 1- ئاينىڭ 10- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى باغلان ۋىلايىتىنىڭ پۇلىخۇمرى رايونىدا ساتقىن ئافغان ئارمىيىسىنىڭ بىر ئەسكىرىي بازىسى ۋە ئىككى دانە بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىنى فەتھە قىلىپ، 30 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە بەش نەپىرىنى يارىلاندۇرغان ھەمدە ئىككى نەپەر ئەسكەرنى ئەسىرگە ئالغان.

ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى بادغىس ۋىلايىتىنىڭ بىر قانچە رايونلىرىدا ئېلىپ بارغان ئەمەلىيەتلىرىدە ساتقىن ئافغان ئارمىيىسىنىڭ يەتتە دانە بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىنى فەتھە قىلغان بولۇپ، 42 نەپەر ساتقىن ئافغان ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە 20 نەپىرىنى يارىلاندۇرغان.

■ 1- ئاينىڭ 12- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ھىرات شەھىرىنىڭ 6- بىخەتەرلىك رايونىدىكى ساتقىن ئافغان ھۆكۈمىتىنىڭ بىر ساقچى مەركىزىگە قارىتا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ پىدائىيلىق ھۇجۇمى ئۈچ نەپەر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە 34 نەپەر ئافغان ساقچىسى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان. ئۆلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا بۇ مەركەزنىڭ مۇئاۋىن ساقچى باشلىقىمۇ بار ئىكەن. مەركەزنىڭ باش ساقچىسى جەمشىد يارىلانغان.

■ 1- ئاينىڭ 12- كۈنى سومالىنىڭ جىلجىدود ۋىلايىتىنىڭ ئېلبور شەھىرىدە بەش نەپەر سومالى ھۆكۈمەت ئەسكىرى مۇجاھىدلارغا تەسلىم بولغان.

■ 1- ئاينىڭ 14- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى پايتەخت كابۇلنىڭ 9- بىخەتەرلىك رايونىغا جايلاشقان تاجاۋۇزچى قوشۇننىڭ «Green Welch» نامىلىق مۇھىم بىر ئىستىخبارات مەركىزىگە قارىتا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ ئەمەلىيەت ئاۋۋال ئىستىخبارات مەركىزىنىڭ كىرىش دەرۋازىسىغا ماشىنا بومبا ئەمەلىيىتى قىلىش بىلەن باشلانغان بولۇپ، كېيىن تۆت نەپەر ئىنغىماسچى قېرىندىشىمىز مەركەزنىڭ ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ ھۇجۇمنى باشلىغان. بۇ ئەمەلىيەتتە مۇجاھىدلار تاجاۋۇزچى ئەسكەرلەردىن سەككىز نەپەرنى ئۆلتۈرۈپ، 90 نەپەر تاجاۋۇزچى ئەسكەر ۋە ساتقىن ئافغان ئەسكەرلىرىنى يارىلاندۇرغان. بۇ ئىستىخبارات مەركىزى كابۇل شەھىرىنىڭ قاتتىق قوغدىلىدىغان «يېشىل» رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەت ئافغانىستاندىكى تاجاۋۇزچى غەربلىكلەرگە نىسبەتەن ئېغىر زەربە ھېسابلىنىدۇ.

■ 1- ئاينىڭ 14- كۈنى ئىران ئارمىيىسىنىڭ پايام دۆلەتلىك ئايرودرومىدا كېتىۋاتقان بىر دانە «Boeing 707» تىپلىق يۈك توشۇغۇچى ئايروپىلان ئالبورز ئۆلكىسىدىكى ئايرودرومغا قونماقچى بولغاندا ئايرودرومنىڭ تېمىغا سوقۇلۇپ كېتىپ، ئايروپىلان ئىچىدىكى 15 نەپەر ئادەم ئۆلگەن.

■ 1- ئاينىڭ 15- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى كېنىيىنىڭ پايتەختى نايروبىنىڭ «Westlands» ئولتۇراق رايونىدىكى «DusitD2» نامىلىق مېھمانخانىغا قارىتا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ ئەمەلىيەت ئاۋۋال مېھمانخانىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا قارىتا ماشىنا بومبا ئەمەلىيىتى قىلىش بىلەن باشلىنىپ، كېيىن مۇجاھىدلاردىن بىر نەچچىسى بىناغا باستۇرۇپ كىرگەن. ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرىنىڭ باياناتچىسى شەيخ ئابدۇلئەزىزنىڭ بەرگەن باياناتىدا، بۇ ئەمەلىيەتتە ئاز دېگەندە 47 نەپەر كاپىر ئۆلگەن. ئۆلگەنلەرنىڭ ئىچىدە 17 نەپىرى غەرب دۆلەتلىرىدىن ئىكەن. بۇ ئەمەلىيەت ئىككى كۈنگە يېقىن داۋاملاشقان بولۇپ، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرى مۇجاھىدلارنى توسۇش ئۈچۈن كېنىيە ساقچىلىرىغا ياردەمگە كەلگەن.

بۇ ئەمەلىيەتنى ئېلىپ بارغان «DusitD2» نامىلىق مېھمانخانىنىڭ ئەتراپى بولسا تاجاۋۇزچى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە ئىسپانىيە قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرىنىڭ دىپلوماتلىرى ۋە پۇقرالىرى كىرىدىغان كاتتا مېھمانخانا ۋە ئاشخانىلار جايلاشقان ئورۇن ئىكەن.

■ 1- ئاينىڭ 16- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى بايانات چىقىرىپ: «بۇ ھۇجۇم ئەمەلىيىتىنىڭ ئىسمى <قۇددۇس ھەرگىز يەھۇدىيلاشمايدۇ>» دەپ ئېلان قىلغان. ئۇلار يەنە: «بۇ ئەمەلىيەت ــــ تاجاۋۇزچى ئامېرىكا پرېزىدېنتى ترامپىنىڭ <قۇددۇس شەھرى بولسا ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ پايتەختى> دەپ ئېلان قىلىشىغا قارىتا رىسالە» دېگەن. بۇ پىدائىيلىق ئەمەلىيىتىگە قاتناشقان قېرىنداشلار پېشانىسىگە «لەببەيك يا ئەقسا» دەپ يېزىلغان لېنتىلارنى تاقىۋالغانىكەن.

## ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تىببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ- قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته